

جياڭ روڭ

# بۆرە توتېمى

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جياڭ رۇڭ

# بۆرە توتېمى

1

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن ئەھمىدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

狼图腾:维吾尔文/姜戎著;伊明·艾合买提译.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2008.6
ISBN 978-7-228-11708-6

Ⅰ.狼… Ⅱ.①姜…②伊… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第087569号

责任编辑 穆纳尔江·托合塔洪
特约编辑 迪利夏提·苏里坦
责任校对 古丽夏尔·尼格买提
特约校对 万力·再顿
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话 0991-2827472
邮　　编 830001
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷 新疆金版印务有限公司
开　　本 880×1230毫米 1/32
印　　张 40.75
版　　次 2008年6月第1版
印　　次 2008年6月第1次印刷
印　　数 1—5000册
定　　价 92.00元(上、下)

# كىرىش سۆز

قولىمىزدىكى بۈگۈنكى دۇنيادا تا ھازىرغا قەدەر موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى بۆرىلەر تەسۋىرلەنگەن، تەتقىق قىلىنغان بىردىنبىر «ئالەمشۇمۇل غەيرىي كىتاب». بىز ئۇنى ئوقۇغاندا، بۆرە توتېمى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ دەۋردە ئۇيۇشتۇرۇلغان كاتتا مەنىۋى زىياپەتتىن پۈتمەس - تۈگىمەس ھۇزۇر ئالغاندەك بولىمىز. بۇ يەردىكى سەۋەب، ئۇنىڭ سالمىقىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە قايتا بارلىققا كەلمەيدىغانلىقىدا. دېمىسىمۇ، موڭغۇل ئاتلىقلىرى ۋە موڭغۇل بۆرىلىرى ئەركىن - ئازادە قىيغىتىپ ئوينىغان، مال - چارۋىلار ئۇياندىن - بۇيانغا ئىختىيارىي كۆچۈپ يۈرگەن پايانسىز يايلاق مۇشۇ كەمدە كۆز ئالدىمىزدىن غايىب بولۇشقا باشلىدى ياكى ئاللىقاچان غايىب بولدى، بۆرىگە تەئەللۇق جىمىكى ئەپسانە - ھېكايىلەر خاتىرىمىزدىن چېكىنىپ چىقىشقا يۈزلەندى، ئۇنىڭدىن بىزگە ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا پەقەت قىسمەن ئەخلاقىي قارغاش بىلەن ئاچچىق تىل - ھاقارەتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان يازما بەلگىلەرلا قالدى. ناۋادا مۇشۇ كىتاب بولمىغان بولسا، بۆرىلەر، بولۇپمۇ موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى بۆرىلەر — جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋر مەدەنىيلىكىدىكى توتېم چوقۇنۇشى بىلەن تەبىئەت ئېۋولىيۇتسىيىسىنىڭ ماتورى ئالەمدىكى بەزى يوشۇرۇن ئېلېمېنتلارغا ئوخشاش، بىز ياشاۋاتقان يەر شارىدىن ۋە ئىنسانلار تۈركۈمىدىن يىراقلاپ، بىلگىلى بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەن، بىزنىڭ دۆتلۈكىمىز ۋە نادانلىقىمىزغا پەرۋاسىزلىق بىلەن نەزەر تاشلىغان بولاتتى.

مۇشۇلارغا كۆرە، تەبىئەت يىگىلەۋاتقان، شەيئىلەرنىڭ تۈرى تېز سۈرئەتتە ئازىيىۋاتقان، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە خاراكتېرى كۈنسايىن چۈشكۈنلىشىپ، ئانىلىق جىنسقا ئايلىنىپ كېتىپ بارغان بۈگۈنكى كۈندە بۆرىنى بايان ئىگىسى قىلغان ۋە ئېپوسقا

ئوخشاپ كېتىدىغان «بۆرە توتېمى»دىن ئىبارەت بۇ رومانىنى ئوقۇش، راستىنى ئېيتقاندا، مۇشۇ دەۋردىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىيى. مىڭ يىللار مابەينىدە قانۇنىي يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئۆلىمالار، تەرىقەت ئالىملىرى بۆرىنىڭ گېپى چىققان ھامان چىرايى ئۆڭۈپ، ئۇنىڭغا بولغان نەپرەتنى بالايىئاپەت دەرىجىسىگە ئېلىپ باردى، خەنزۇ مەدەنىيىتىدە بۆرىگە نىسبەتەن كۆپتىن ـ كۆپ ئوقۇشماسلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلار پەيدا بولدى، بۆرە ھەققىدە بىرەر پارچە كىتاب يېزىش تىلغا ئېلىنسا، ھەممە ئادەم دەككە ـ دۈككىگە چۈشىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى، بۆرە بىلەن ھەمدەم بولۇش ھەقىقەتنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىشتىكى قىيىن ۋە نازۇك بىر ئىش بولۇپ قالدى.

بىز بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى جياڭ رۇڭ ئەپەندىگە رەھمەت دېمەي تۇرالمايمىز. بېيجىڭلىق زىيالىي ياش جياڭ رۇڭ ئەپەندى بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى ئۆزى خالاپ ئىچكى موڭغۇلنىڭ چېگرا رايونىدىكى ئولۇن يايلىقىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا بارغان ۋە ئۇ يەردە ئون بىر يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1979 ـ يىلىغا كەلگەندە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بەرگەن. ئۇ يايلاقتا ياشىغان چاغلىرىدا بۆرە ئۇۋۇسىغا كىرگەن، بۆرە كۈچۈكلىرىنى تۇتقان، بۆرە كۈچۈكلىرىنى باققان، بۆرە بىلەن ئېلىشقان، بۆرە بىلەن ئويناشقان، يامان كۆنلەرنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۆرە كۈچۈكى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن، ئۆزىنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىكى ئازابلىق مەنىۋى «كۆچمەنچىلىك»نى ئۇلار بىلەن بىللە باشتىن كەچۈرگەن. موڭغۇل بۆرىلىرى ئۇنى تارىخنىڭ مىڭ يىللىق ئىس ـ تۈتەكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، سىرلىق تېپىشماقنىڭ مەركىزىگىچە ئېلىپ بارغان. بۆرىلەردىكى قۇۋۋلۇق ۋە پاراسەت، يايلاق ئادەملىرىنىڭ بۆرىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە نەپرىتى، بۆرىلەردىكى خاسىيەتلىك سېھرىي كۈچ ـ قۇدرەت جياڭ رۇڭ بىلەن بۆرە ئارىسىدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان دوستلۇقنى شەكىللەندۈرگەن. بۆرىنىڭ يايلاقتىكى مىللەتلەرنىڭ ھايۋانىي پىر ـ ئۇستازى، پېشۋاسى، ئۇرۇش ئىلاھى ۋە ئۈلگىسى بولغانلىقى؛ بۆرىلەردىكى كوللېكتىپلىق روھ، ئۇلارنىڭ جەمەت



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى؛ بۆرىلەرنىڭ ئەقلى، قەيسەرلىكى ۋە ئىززەت - نەپسى؛ بۆرىلەرنىڭ موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنلىرىغا بولغان ئۆگۈت - نەسىھىتى ۋە ئۇلارنىڭ يايلاق ئېكولوگىيىسىنى قوغدىشى؛ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بۆرىگە بولغان ھۆرمەت - ئەقىدىسى؛ موڭغۇل مىللىتىنىڭ قەدىمىي، سىرلىق دالا دەپنە مۇراسىمى؛ بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشى، بۆرىلەرنىڭ قۇلىقى، بۆرىلەرنىڭ كۆزى، بۆرىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، بۆرە نىجاسىتىنىڭ كۆيدۈرگەن چاغدا چىقىدىغان تۈتۈنى، بۆرە رەسىمى چۈشۈرۈلگەن تۇغ - ئەلەملەر... بۆرىلەرگە ئائىت خىلمۇخىل تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئاپتورنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان. نەتىجىدە، ئۇ 30 يىللىق تەتقىقات ئارقىلىق ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئىنساننىڭ خاراكتېرى بىلەن بۆرىنىڭ خاراكتېرى، بۆرىنىڭ يولى بىلەن تەڭرىنىڭ يولى ھەققىدىكى بۇ رومانني يازغان. جۇڭگودا ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان، ئېرىقچىلىق مەدەنىيلىكى تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن خوي - مىجەز پۈت - قولىمىزنى چۈشەپ قويۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، جياڭ رۇڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ يېرىم ئۆمۈر قان - تەرىنى سەرپ قىلىپ پۈتتۈرگەن بۇ گىگانت ئەسىرىگە ئاخىرقى تىنىش بەلگىسىنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ «بۆرە توتېمى»نى قايتا نامايان قىلىش بۇرچىنى تاماملىدى ۋە «بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتنى يەشكۈچى» بولۇپ قالدى.

كىتاب ئورگانىك باغلىنىشقا ئىگە نەچچە ئون «بۆرە ھېكايىسى» ئارقىلىق بىر يولىلا ئاياغلاشقان، سۇژېتلار جىددىي ۋە كەسكىن، يېڭى، شۇنداقلا سىرلىق. ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭدىكى ھەربىر بابتىن، ھەربىر ئابزاستىن ھەرگىزمۇ ئۆزىنى تارتالمايدۇ، قەلب چوڭقۇرلۇقىدا ناھايىتى تاتلىق سېزىملارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ھەتتا كىتابنىڭ ۋاراقلىرىدىن موڭغۇل يايلىقىدىكى پەرىشتىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۆرىلەر ھۇۋلىغان پېتى يۈگۈرۈپ چىقىۋاتقاندەك بولىدۇ. بۆرىلەرنىڭ ھەر قېتىملىق رازۋېدكىسى، سەپ تەشكىللىشى، يوشۇرۇن ھۇجۇمغا ئۆتۈشى، تۇيۇقسىز زەربە بېرىش تاكتىكىسى؛ بۆرىلەرنىڭ ھاۋارايى ۋە يەر شەكلىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشى؛ بۆرىلەرنىڭ

ئۆلۈمنى پىسەنتىگە ئالمايدىغان قەيسەر پەزىلىتى؛ بۆرە جەمەتىدىكى دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق؛ بۆرىلەرنىڭ يايلاقتىكى شەيئىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى؛ چىدامىلىق ۋە ئۇماق بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىنكى جاپا - مۇشەققەتلىك ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانى ھەدېسىلا بىزنىڭ خىيالىمىزنى ئىنسانلار بىلەن باغلايدۇ، بىزنى ئىنسانلار تارىخىدىكى ھازىرغىچە يېشىلمەي كېلىۋاتقان: ئۆز ۋاقتىدىكى ئاران يۈز نەچچە مىڭ كىشىلىدىغان موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنى قانداقلارچە ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى غاراڭنى سۈپۈرگەندەك سۈپۈرۈپ تاشلىدى؟ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى بۇ كەڭ زېمىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبلەر قايسى؟ تارىختا زادى خۇاشيا مەدەنىيلىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغانمۇ ياكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ مىللىتىگە ئارقا - ئارقىدىن قان بېرىشى ئارقىسىدا جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى داۋاملىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغانمۇ؟ جۇڭگودىكى ئات ئۇستىدە چوڭ بولغان مىللەتلەر قەدىمدىن ھازىرغىچە نېمىشقا ئات توتېمىغا چوقۇنماي، ئەكسىچە بۆرە توتېمىغا سەجدە قىلىدۇ؟ جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقىدىكى سەۋەب جۇڭگودا ئەزەلدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇتلۇقىدىنمۇ قانداق، دېگەن مەسىلىلەر ۋە يىراق ئۆتمۈش تۇغرىسىدا ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ، بىز بىر زامانلاردا شانۇشەۋكەت بىلەن پۈركەنگەن، ئوخشاشلا شۇ بىر زامانلاردا پارە - پارە بولۇپ كەتكەن تاغ - دەريالارغا ۋە تارىخ سەھىپىسىگە تىكىلىپ تۇرۇپ: بىز ئۆزىمىزنى ئاغزى - ئاغزىمىزغا تەگمەي، يەن خۇاڭنىڭ ئەۋرە - چەۋرىسى دەپ ماختىنىمىز، لېكىن ئەجدىھار توتېمىنىڭ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىكى «بۆرە توتېمى»دىن ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇق؟ خۇاشيا مىللەتلىرىدىكى «ئەجدىھار توتېمىغا چوقۇنۇش»نىڭ سىرىنى مۇشۇ ئارقىلىق ئاچقىلى بولامدۇ، يوق؟ بىز زادى ئەجدىھارنىڭ ئەۋلادىمۇ ياكى بۆرىنىڭ ئەۋلادى، دېگەن سوئاللارنى ئۆزىمىزدىن سورىماي تۇرالمايمىز.



# 1

«چۆەنرۇڭ قەبىلىسى» ئىككى ئاق ئىتنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قاراپ، تايغاننى ئۆزلىرىگە توتېم قىلدى.

— فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمىي تارىخى» 1 ـ قىسىم

جۇ مۇۋاڭ چۆەنرۇڭلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، تۆت ئاق بۆرە بىلەن تۆت ئاق بۇغىنى ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

— «خەننامە. هونلار تەزكىرىسى»

چېن جېن قارلىق ئازگالدا تۇرۇپ قولىدىكى تاق كۆزلۈك دۇربۇننى يوغانلا بىر بۆرىگە توغرىلىدى ۋە موڭغۇل يايلىقىدىكى بۇ بۆرىنىڭ كۆزىدىن بىگىزدەك ئۆتكۈر نۇر چاقناۋاتقانلىقىنى كۆردى، تېنى شۈركۈنۈپ، تۈكلىرى ياۋا توڭگۇزنىڭ يالىدەك تىكلىشىپ كەتتى، بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان كۆڭلەك كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك بولدى. ھېلىمۇ ياخشى، بىلگە بوۋاي يېنىدىلا ئىدى، شۇڭا بۇ مەرتەم چېن جېندە، جېنىم چىقىپ كېتەمدۇ نېمە، دەيدىغان خىيال پەيدا بولمىدى، شۇنداقتىمۇ بەدىنىدىكى تەر تۆشۈكچىلىرىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلدى. چېن جېن يايلاققا كەلگىنىگە ئىككى يىل بولغىنىغا قارىماي، موڭغۇل يايلىقىدىكى

سۈرلۈك بۆرىلەردىن بەك قورقاتتى. ھازىرمۇ قونالغۇدىن يىراق تاغنىڭ ئىچىدە كۆز ئالدىدىكى بىر توپ بۆرىگە قاراپ تۇرۇپ، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھورمۇ تىترەپ كەتتى. بىلگە بوۋاي بىلەن ئىككىسىنىڭ قولىدا يا مىلتىق، يا قىڭراق، يا قورۇق[1] يوق ئىدى. ئۇلار ھەتتا ئۇزەڭگە چاغلىق تۆمۈر - تەسەكمۇ ئېلىۋالمىغانىدى، ئۇلاردا پەقەت ئىككى كالتەكلا بار ئىدى، خالاس. ناۋادا بۆرىلەر تىنىقىنى ئېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئىككىسىنىڭ ئۆلۈكى ۋاقىتسىزلا بۇ ئايدالىدا قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

چىن جىن لاغىلداپ تىترىگەن پېتى يېرىم - يارتا بىرنى تىنىۋېلىپ، يېنىدىكى بىلگە بوۋايغا قارىدى. بىلگە بوۋاي شۇ تاپتا يەنە بىر تاق كۆزلۈك دۇربۇن بىلەن بۆرىلەرنىڭ قورشاۋىغا سەپسېلىۋاتاتتى.

— مۇشۇ ھالىڭ بىلەن نېمىمۇ قىلارسەن؟ — دېدى بوۋاي ئۇنىنى پەس قىلىپ، — بەئەينى قوينىڭ ئۆزىلىغۇ سەن. سىلەر خەنزۇلار زاكاڭلاردىن تارتىپلا بۆرىدىن قورقىسىلەر، ئۇرۇشىدىمىز دەپ يايلاققا كەلگەن ھامان تىرىپىرەن بولۇپ كېتىشىڭلارمۇ شۇنىڭدىن.

بوۋاي ئۇنىڭ لام - جىم دېمەي تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىنى پەس قىلغان ھالدا چېچىلىپلا كەتتى:

— ئالاقزادە بولۇپ يۇرمە جۇمۇ. ئەگەر سەل - پەللا شەپە چىقىرىپ قويساڭ، تۇگەشكىنىمىز شۇ.

چىن جىن بېشىنى لىڭشىتقان پېتى بىر ئوچۇم قارنى ئېلىپ چىڭ مىجىدى، قار ئۇنىڭ ئالىقىنىدا ھەش - پەش دېگۈچىلا بىر مۇنەك مۇز بولۇپ ئۇيۇپ قالدى.

قىيپاش تەرەپتىكى تاغنىڭ قاپتىلىدا بىر توپ جەرەن سەگەكلىك بىلەن ئالدىراپ - تېنەپ ئوتلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۆرىلەرنىڭ سۇيىقەستىنى تۇيمىغاندەك ئىدى.

---

① قورۇق — خادا ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئارقاننى سىرتماق شەكلىدە باغلاپ ئات تۇتىدىغان سالما.

بۆرىلەرنىڭ قورشاۋ لىنىيىسى ئىككىيلەن تۇرغان ئازگالغا بارغانسېرى يېقىنلىماقتا ئىدى. چېن جېن مىدىر - سىدىر قىلمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ توڭلاپ مۇز ھەيكەل بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى...

بۇ چېن جېنىنىڭ يايلاقتىكى بۆرىلەر بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى. مۇشۇ دەمدە، ئۇ بۆرىلەر بىلەن تۇنجى نۆۋەت دوقۇرۇشۇپ قالغان چاغدىكى ۋەھىمىنىڭ بەدەن - بەدىنىگە يەنە بىر قېتىم يامىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ مۇشۇنداق جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق خەنزۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ساق قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

چېن جېن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بېيجىڭدىن كېلىپ چېگرا رايوندىكى بۇ چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلاشقان چاغدا 11 - ئاي تۈگەي دەپ قالغان، ئولۇن يايلىقىنى كۈمۈشتەك ئاپئاق قار ئىلكىگە ئالغانىدى. زىيالىي ياشلارغا تارقىتىپ بېرىدىغان موڭغۇل كىگىز ئۆيلىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەن بولغاچقا، چېن جېن بىلگە بوۋاينىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان بولدى ۋە پادا بېقىشقا تەقسىملەندى. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى، ئۇ بىلگە بوۋاي بىلەن سەكسەن چاقىرىمدىن كۆپرەك يىراق كېلىدىغان جايدىكى فېرمىغا ئۆگىنىش ھۆججەتلىرىنى ئېلىشقا باردى، بەزىبىر كۈندىلىك بۇيۇملارنى سېتىۋالدى. قايتىپ كېتىش ئالدىدا، بوۋاي فېرما ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن، فېرمىدا قېلىپ يىغىنغا قاتنىشىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، فېرما رەھبەرلىكىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ھۆججەتلەرنى دەرھال ئەترەتلەرگە يەتكۈزۈش لازىم ئىدى، كېچىكتۈرۈپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. چېن جېنغا ئۆزى يالغۇز قايتىشقا توغرا كەلدى. يولغا چىقىدىغان چاغدا، بىلگە بوۋاي ئۆزىنىڭ ھەم يۈگۈرۈك، ھەم يولنى بىلىدىغان جەدە ئېتىنى چېن جېنغا بېرىپ، يېقىن يول بىلەن ماڭسا پەقەت بولمايدىغانلىقىنى، چوقۇم ھارۋا يولىنى بويلاپ مېڭىش لازىملىقىنى تاپىلىدى،

شۇنداقلا ھەر يېگىرمە ـ ئوتتۇز چاقىرىمدا موڭغۇللارنىڭ ئاۋۇللىرى بار، چاتاق چىقمايدۇ، دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.

چىن جىن جەدە ئاتقا مىنىپلا، نەسلى ئالىي موڭغۇل ئاتلىرىدىكى قەيسەرلىكنى ھېس قىلدى ۋە ئۇچقاندەك تېز مېڭىش نىيىتىگە كەلدى. ئەمدىلەتىن بىر دۆڭگە چىقىپ، ئەترەت تۇرۇشلۇق جايدىكى چاغانئول تېغىنىڭ چوققىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، بوۋاينىڭ بايا تاپىلىغان گەپ ـ سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقاردى ـ دە، يېگىرمە چاقىرىمدىن كۆپرەك ئايلىنىپ ھارۋا يولىدا مېڭىشتىن بىراقلا ۋاز كەچتى ۋە ئەترەتكە بارىدىغان يېقىن يولغا قاراپ ئات سالدى.

ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى. ئالاھازەل يولنىڭ يېرىمى تۈگىگەن چاغدا، كۈنمۇ سوغۇقتىن دىرىلدەپ تىترەپ، شۇمشەيگەن پېتى ئۇپۇق سىزىقىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. قارنىڭ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سوغۇق چىن جىننىڭ ئۇچىسىدىكى جۇۋىنى تارىشىدەك قاتۇرۇۋەتتى. چىن جىن بىلىكىنى، جەينىكىنى، بېلىنى مىدىرلىتىپ باقتى، جۇۋىنىڭ تېرىسى ھەربىر سۈركەلگەندە غاچىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى. قېلىن قارنى دەسسەپ كېتىپ بارغان جەدە ئاتنىڭ بەدىنىدىن چىققان تەر بىر قەۋەت قىروغا ئايلاندى، ئۇنىڭ قەدىمى ئاستىلاۋاتقاندەك بولدى. ئېگىز ـ پەس ئېدىرلار ھەدېسىلا ئۇچراپ تۇراتتى، تۆت تەرەپ ئادەمزات كۆرۈنمەيدىغان چۆل ـ جەزىرە ئىدى. جەدە ئاتنىڭ يەڭگىل يورغىلاپ مېڭىشىدىن ئۇنىڭ ھېرىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ يورغىغا چۈشۈۋالسا، يا سوكۇلدىمايتتى، يا ئىككى يېنىغا ئىرغاڭلىمايتتى، خۇددى ئۈستىدىكى ئادەمنى ئازادە ئولتۇرسۇن دەۋاتقاندەك تەمكىن ماڭاتتى. چىن جىنمۇ تىزگىنىنى بوش قويۇۋېتىپ، قانداق مېڭىشنى، سۈرئەتنى، نىشاننى ئاتنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتتى. شۇ ئەسنادا، چىن جىننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئەنسىزچىلىك پەيدا بولدى. ئۇ، جەدە ئات يولدىن ئېزىپ قالارمۇ، شۇۋۇرغانغا يولۇقۇپ



此为试读,需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

قالارمىزمۇ، بۇ قارلىق جەزىرىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قالارمەنمۇ، دەپ ئەنسىرىدى، لېكىن بۆرىگە ئۇچراپ قالارمىزمۇ، دېگەن ئىش ئۇنىڭ ئېسىگە كەلمىدى.

بىر جىلغىنىڭ ئېغىزىغا ئاز قالغاندا، يول بويى ئويناقشىپ، ئەتراپنى تىڭشاپ كېلىۋاتقان جەدە ئاتنىڭ قۇلىقى دىڭ بولۇپ كەتتى، جىلغىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۇدۇل تىكىلىپ پۇشقۇرۇشقا باشلىدى، قەدەم ئېلىشى قالايمىقانلاشتى. بۇ چېن جېنىنىڭ قارلىق دالىدا تۇنجى قېتىم ئۆزى يالغۇز مېڭىشى بولغاچقا، كۆز ئالدىدىكى خەۋپ ـ خەتەرنى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيتتى. جەدە ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن نىشاننى ئۆزگەرتىپ، ئەگىپ ماڭماقچى بولدى. لېكىن، چېن جېن ئاتنىڭ غەرىزىنى ئۇقمىدى، ئۇ تىزگىننى چىڭ تارتىپ، ئاتنىڭ بېشىنى توغرىلىدى ـ دە، ئۇنى يورغىلىغان پېتى ئۇدۇل مېڭىشقا مەجبۇرلىدى. ئەمەلىيەتتە ئاتنىڭ مېڭىشى تېخىمۇ بۇزۇلدى، تۇرۇپلا يۈگۈرۈپ كېتىدىغان، تۇرۇپلا سوكۇلدايدىغان، تۇرۇپلا ئاستا ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ قەدىمى راۋۇرۇس، قويۇندەك چېپىپ كېتىشكە تەييار هالەتتە ئىدى. چېن جېن قىش كۈنلىرى ئاتنى ئاسراشنى بىلگەن بولغاچقا، تىزگىننى چىڭ تارتىپ ئاستىراق ماڭدۇرماقچى بولدى.

جەدە ئات بىرمۇنچە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى سېزىپ، بېشىنى شارتتىدە قايرىدى ۋە چېن جېننىڭ پۇتىدىكى پىيمىنى چىشلىدى. چېن جېن ئاتنىڭ كۆزلىرىدىكى ۋەھىمىدىن بىردىنلا يوشۇرۇنۇپ ياتقان خەۋپنى پەم قىلدى. بىراق، ۋاقىت ئۆتكەن، جەدە ئات تىترىگەن هالدا قورقۇنچلۇق جىلغىنىڭ كانايدەك يېيىلىپ تۇرغان ئاغزىغا كىرىپ بولغانىدى.

چېن جېن بېشىنى كۆتۈرۈپ جىلغا تەرەپكە شۇنداقلا بىر قاراش بىلەن تەڭ، قورقىنىدىن ئاتنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىشكە تاس ـ تاس قالدى. ئۇ قىرىق مېتىرچە نېرىدىكى

قارلىق دۆڭدە ئەلپازىدىن ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان بىر توپ موڭغۇل بۆرىسىنى كۆرگەنىدى، بۆرىلەرنىڭ تۈكى كەچكى شەپەق يورۇقىدا ئالتۇندەك پارقىرايتتى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىكى ئۇدۇلدىن، يا بولمىسا ياندىن نەشتەرگە ئوخشاش ۋىشىلداپ كېلىۋاتقان نۇر چېن جېنىنىڭ بەدىنىگە سانجىلغاندەك، ئۇنى ھەش - پەش دېگۈچىلا كىرپىگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن جايدا تۇرغانلىرى تازا يوغان بۆرىلەردىن بولۇپ، بەئەينى چېپار يىلپىزلارغا ئوخشايتتى. ئۇلار چېن جېن بېيجىڭدىكى ھايۋاناتلار باغچىسىدا كۆرگەن بۆرىلەردىن بىر ھەسسە قاۋۇل، يېرىم ھەسسە ئېگىز، ئۇستىخىنىمۇ يېرىم ھەسسە ئۇزۇن ئىدى. شۇ ئەسنادا، قارلىق دۆڭدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئون نەچچە بۆرە لىككىدە ئۆرە بولدى، قۇيرۇقلىرى تىكلەنىدى. ئۇلار قىنىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان قىلىچتەك، يانىڭ كىرىچىدىكى ئوقتەك، ئېگىزلىكتىن تۆۋەنگە ئېتىلىپ ئېلىشىشقا تەييارلانغان ھالەتتە ئىدى. بۆرە توپى ئىچىدىكى ھېلىقى يوغان بۆرىلەر چۆرىدەپ تۇرغان بىر ئاق بۆرە ئۇلارنىڭ شاھى بولسا كېرەك، بويىنىدىكى، كۆكسىدىكى، تۆشىدىكى كۇل رەڭ ئاقۇچ تۈكلەر ئاق ئالتۇندەك تاۋلىنىپ كۆزنى چاقنىتاتتى، تەقى - تۇرقىدىن ياۋايى ھايۋانلاردىكى ۋەھشىيلىك ۋە قەيسەرلىك نامايان بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى ئوتتۇز - قىرىقتىن كەم ئەمەس ئىدى. چېن جېن بۆرىلەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى بىلگە بوۋايغا ئېقىتماي - تېمىتماي سۆزلەپ بەرگەندە، بوۋاي پېشانىسىدىن پۇرۇلداپ چىقىۋاتقان سوغۇق تەرنى بىگىز قولى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، بۇ چوقۇم بۆرىلەر مەجلىس ئېچىۋاتقان ۋاقىت، ئېھتىمال ئۇلار تاغنىڭ ئۇ يېقىدىكى يىلقىدىن خەۋەر تاپقان، بۆرىلەرنىڭ شاھى قول ئاستىدىكىلەرگە يىلقىغا قانداق ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. تەلىيىڭگە، ئۇلار ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىلەر ئەمەس ئىكەن. تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان بۆرىلەر ئاچ قالغان بۆرىلەردىن ئەمەس، دېگەنىدى.

مۇشۇ بىر دەقىقىدە چېن جېنىنىڭ جىمىكى سەزگۈلىرى غايىب بولغانىدى. ئېسىدە قېلىشىچە، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئىنتايىن يەڭگىل، لېكىن تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازنىڭ چوققىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۈمۈش تەڭگىنى پۇۋلىگەندە چىقىدىغان ئىنچىكە، سۈزۈك، تىترەك ئاۋازغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. بۇ چوقۇم تەندىكى روھ ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن چىقىپ كېتىپ بارغان چاغدىكى ئاۋاز ئىدى. چېن جېن ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ بىرنەچچە سېكۇنت بولسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى، شۇ بىر دەم ئىچىدە ئۆزىنىڭ روھتىن ئايرىلغان ئىسكىلىت، ئىچى كاۋاك بولۇپ قالغان جەسەتكە ئايلانغانلىقىنى تۇيغانىدى. چېن جېن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىنمۇ شۇ قېتىمدىكى بۆرىلەر بىلەن روبىرو بولۇپ قالغان ئىشنى يادىغا كەلتۈرۈپ، بىلگە بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ جەدە ئېتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يۈردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئاتتىن چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە بۇ ئاتنىڭ ئادەتتىكى ئات ئەمەسلىكى سەۋەب بولغانىدى، ئۇ بۆرىلەر توپى ئىچىدە چوڭ بولغان، ھەر - ھەر جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئوۋ ئېتى ئىدى.

باشقا كۈن چۈشۈپ، يا ئۇيان، يا بۇيان بولۇپ كېتىدىغان بۇ پەيتتە، جەدە ئات بۆرىلەرنى كۆرمىگەن، يا بولمىسا تاسادىپىي يوسۇندا ئۇلارنىڭ يىغىلىشىنى بۇزۇۋەتكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئالدىراپ كېتىۋاتقان يولۇچىدەك مېڭىشىنى داۋاملاشتۇردى، يۈرىكىنى توم تۇتۇپ قەدىمىنى تېزلەتمىدى، جان تالاشقاندەك ئىككى يېقىغا ئىرغاڭلاپمۇ يۈرمىدى، ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرۈپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە، ئېگەردە ئولتۇرغان ۋاقىتلىق خوجايىنىنى ئىنتايىن سالماق ھالدا كۆتۈرۈپ، خۇددى بېشىنىڭ ئۈستىگە ئەينەك رومكىنى قويۇۋالغان سېرك ئارتىسلىرىدەك، قەدەملىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن تىڭشاپ، چېن جېنىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى يوقىتىپ بىر يېنىغا ساقىغان پېتى بۆرىلەرنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بېلىنى رۇسلاپ تىك ئولتۇرۇشىغا

ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە دىققەت قىلىپ مېڭىۋەردى.

ئېھتىمال جەدە ئاتىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە پاراستىدىن بولسا كېرەك، چېن جېنىنىڭ قېپىدىن چىقىپ كەتكەن روھى يەنە قايتىپ كەلدى. يا بولمىسا، چېن جېن تەڭرىنىڭ مېھرىبانلىقىنى تۇيۇقسىزلا يادىغا كەلتۈردى بولغاي، تەڭرى ئۇنىڭ ئاللىقاچان باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان روھىغا ئىشەنچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلدى. چېن جېن ئۆزىنىڭ سوغۇق ھاۋادا بىرنەچچە سېكۇنت پەرۋاز قىلغان روھى يېڭىۋاشتىن ئۆز جايىغا قايتقاندا، ئۆزىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قايتا تىرىلگەنلىكىنى بىلدى، شۇنداقلا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

چېن جېن بەدىنىنى رۇسلاپ، ئېگەردە تۈز ئولتۇردى، ئىختىيارسىز ھالدا جەدە ئاتنى دوراپ، ئۆزىنىڭ ئاران ـ ئاران قالغان غەيرىتىنى بىر يەرگە يىغدى، بۆرىلەرنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، ئۇلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىلا سەپسالدى ۋە يېقىنلا يەردىكى بۆرىلەرنى ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇيۇپ تۇردى. ئۇ موڭغۇل يايلىقىدىكى بۆرىلەرنىڭ سۈرئىتىنى بىلەتتى، موڭغۇل بۆرىلىرى نەچچە ئون مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتىكى نىشانغا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بېرىپ بولاتتى. ئات بىلەن ئىككىيلەن يان تەرەپتىكى بۆرىلەرگە بارغانسېرى يېقىنلاشتى، چېن جېن ئۆزىدىكى قورقۇش ئالامەتلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، قۇرۇق قەلئە ھىيلىسىنى قوللانغان جۇ گېلياڭغا ئوخشاش، قولىدا مىليونلاپ لەشكەر، كەينىدە لەكمىڭ ئاتلىق قوشۇن باردەك ئەلپازىنى كۆرسەتمىسە بولمايتتى. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى ھەم ۋەھشىي، ھەم گۇمانخور يايلاق قاتىللىرىنى پەسكويغا چۈشۈرگىلى بولاتتى.

چېن جېن بۆرە شاھىنىڭ بويىنىنى سوزۇپ ئۆزىنىڭ كەينىدىكى دۆڭگە قارىغانلىقىنى كۆردى. قالغان بۆرىلەرمۇ ئۈچلۈك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، ئۇنى خۇددى رادارغا ئوخشاش بۆرە

شاھى قارىغان تەرەپكە بۇرىدى. بۇ قاتىللار تىمتاس ھالدا بۆرە
شاھىنىڭ بۇيرۇقىنى كۇتمەكتە ئىدى. لېكىن، قولىدا يا مىل-
تىق، يا كالتەك يوق بۇ يالغۇز ئاتلىقنىڭ يۇرىكىنى قاپتەك قى-
لىپ، بۆرىلەرنىڭ ئارىسىدىن پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆتۈۋاتقانلىقى
بۆرە شاھىنى ۋە جىمىكى بۆرىنى دەرگۇمان قىلىپ قويدى.

كەچكى شەپەق ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. ئاتلىق ئادەم بۆرىلەر-
گە تېخىمۇ يېقىنلاشتى. بۇ ئون نەچچە مېتىر ئارىلىقنى چېن
جېنىنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ ئۇزۇن ئارىلىق دېيىشكە
بولاتتى. جەدە ئات يەنە بىر نەچچە قەدەم ماڭدى. چېن جېن شۇ
ئەسنادا بىردىنلا، بىر بۆرىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدىكى قارلىق
دۆڭگە قاراپ يۇگۇرگەنلىكىنى تۇيۇپ قالدى. ئۇ بۇ بۆرىنىڭ بۆرە
شاھى تەرىپىدىن چېن جېنىنىڭ ئارقىسىدا پىستىرما بار ـ يوق-
لۇقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن ئايغاقچى ئىكەنلىكىنى
پەملىدى. چېن جېن بەدىنىدە ئەمدىلەتىن ئىللىشقا باشلىغان
روھنىڭ يەنە بىر مەرتەم چېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

جەدە ئاتنىڭ قەدىمىمۇ كالۋالىشىۋاتقاندەك ئىدى. چېن
جېنىنىڭ ئىككى پاچىقى ۋە ئاتنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى،
بۇ تىترەك ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە قورقۇنچلۇق بىرىكمە
تەۋرەشنى پەيدا قىلدى ۋە ئارقىدىنلا بارا ـ بارا كېڭىيىپ، ئات
بىلەن ئادەمدىكى ئورتاق ۋەھىمىگە ئايلاندى. جەدە ئات قۇلىقىنى
كەينىگە يوپۇرۇپ، ھېلىقى ئايغاقچى بۆرىنىڭ ھەرىكىتىگە
دىققىتىنى بۆلدى. ئايغاقچى بۆرە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ
بولغۇچە، ئات بىلەن ئىككىيلەننىڭ بۆرىلەر تۇرغان يەرگە تېخىمۇ
يېقىن بېرىپ قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. چېن جېن ئۆزىنىڭ
شۇ تاپتا ھاڭيادەك يوغان ئېچىلغان بۆرە ئېغىزىدىن
ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، ئۇستىدىمۇ ـ ئاستىدىمۇ ئۆتكۈر بۆرە
چىشلىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى، مېڭىپ ـ مېڭىپ دەل مۇشۇ سويۇ
چىشلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، كاس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ
بۇ ئېغىزنىڭ يېپىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. جەدە

ئات ئەڭ ئاخىرقى ئېلىشىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن، بىلىندۇرمەي تۇرۇپ سەل - پەل ئارقىغا داجىدى - دە، كۈچىنى يىغىۋالدى.

چېن جېن بىر دىنىلا يايلاقتىكى چارۋىچىلارنى دوراپ، جاندىن ئايرىلىدىغان بۇ يامان پەيتتە ئىچ - ئىچىدىن تەڭرىگە نىدا قىلىشقا باشلىدى. «ئۆمۈرلۈك پاناھگاھ، تەڭرى، — دېدى ئۇ، — قولۇڭنى سۇنۇپ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن.» ئۇ يەنە ئۈنىنى پەس قىلىپ بىلگە بوۋاينىڭ ئىسمىنى توۋلىدى. «بىلگە» دېگەن موڭغۇلچە سۆزنىڭ مەنىسى «بىلگۈچى» بولغاچقا، ئۇ بوۋايدىن موڭغۇللارنىڭ يايلاقتىكى پاراستىنى تېزلىك بىلەن ئۆزىنىڭ مېڭىسىگە كەلتۈرۈشىنى ئۆتۈندى. جىمجىت ئولۇن يايلىقىدا ھېچقانداق ئەكس سادا بولمىدى. ئۇ مۆزغا ئوخشاش ياپيېشىل، چىرايلىق تەڭرىنىڭ جامالىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش مەقسىتىدە، ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى.

بوۋاينىڭ بىر ئېغىز سۆزى تۇيۇقسىزلا ئاسماندىن چۈشكەندەك بولدى. ئۇنىڭ: «بۆرە دېگەن بۇ ھايۋان مىلتىقتىن، قورۇقتىن ۋە تۆمۈر سايماندىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ» دېگەن گېپى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلىدى. چېن جېندە مىلتىق بىلەن قورۇق يوق. ئۇنىڭدا تۆمۈر سايمان بارمىدۇ؟ چېن جېننىڭ پۇتىنىڭ ئالىقىنى قىزىغاندەك بولدى. بولمامدىغان! ئۇنىڭ ئايىغىدىكى تۆمۈر ئۈزەڭگە ئەمەسمۇ؟ خۇشاللىقتىن چېن جېننىڭ پۇتى لاغىلداپ كەتتى.

بىلگە بوۋاي ئۆزىنىڭ جەدە ئېتىنى چېن جېننىڭ ئېتى بىلەن ئالماشتۇرغاندا، ئېگەرنى ئالماشتۇرمىغانىدى. ئۇ مۇنچىۋالا يوغان ئۈزەڭگىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇشتا، خۇددى ئۇ ئەسقاتىدىغان بۈگۈنكىدەك بىر كۈننىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا پەرەز قىلغاندەك ئىدى. لېكىن، بوۋاي ئەڭ باشتا چېن جېنگە: «ئەمدىلەتىن ئات مىنىشنى ئۆگەنگەندە، ئۈزەڭگە چوڭ بولمىسا چىڭ دەسسىگىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئاتتىن يىقىلىپ كېتىدىغان ئىش يۈز بەرسە، كىچىك ئۈزەڭگىدىن پۇتنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com